يازنىڭ ئۈچ ئىشىغا نەزەر

# بۇغداي پىشتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالى يازلىق يىغىم ئالدىراشلىقىغا تولدى

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە

## يازلىق ئاشلىقنى ئامبارغا تولۇق يىغىۋېلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چېن رۇي** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىل، ئائىلىمىزدىكىلەر تېرىغان بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 520 كىلوگىرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 40 كىلوگىرام ئاشتى» دېدى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شايار ناھىيەسىنىڭ نۇرباغ يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىدىكى يۈقىرى ئۈنۈملۈك، سۇ تېجەيدىغان، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدا، كەنت ئاھالىسى ئەخمەت سايىم دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغدايلىقتا تېز ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ تىپتىكى كومبايىنلارغا قاراپ، چېھرىدە مول ھوسۇل شادلىقى جىلۋىلەنگەن ھالدا.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى، ئەخمەت ئائىلىسىنىڭ 15 مو بۇغدايلىقىنى كەنت تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قىلىپ قوشتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى بۇغداي ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش شىركىتى، ئۇن تارتىش شىركىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زاكازى ئىمزالاپ، سورتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تېرىقچىلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئېتىزلارنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھوسۇلنى بىرتۇتاش يىغىش، بىرتۇتاش سېتىشنى يولغا قويدى. مانا بۇغداي ئورۇلۇپ بولۇشى بىلەنلا، تېرىقچىلىق بازىسىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان ئاشلىق پونكىتىغا ئاپىرىلىپ، نەملىكىنى ئۆلچەش، سۈپىتىنى باھالاش قاتارلىق تەرتىپلەردىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن نەق مەيداندا سېتىۋېلىندى.

«پەقەت سۈپىتى ياخشى بولۇپ، نەملىك كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتسە، ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىۋالىمىز. سېتىۋالغاندىن كېيىن، بۇغداينى ئاپتاپقا سېلىپ، ئامبارغا كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنى بىريۈرۈش مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى شايار ناھىيەسى نۇرباغ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى راخمان قۇربان. دەل «دېھقان ئائىلىسى + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + شىركەت + بازا»دىن ئىبارەت كۆلەملەشكەن تېرىقچىلىق ئەندىزىسى، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈلگەن تىجارەتتىن ئىبارەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئەندىزىسى بۇغداي ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە پۇختا ئاساس سالدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۇ يىل 2 مىليون 200 مىڭ مو (يازغى بۇغداينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇغداي تېرىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ھوسۇل 881 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25 مىڭ 800 توننا ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

بۇ يىللىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونغا 817 مىليون يۈەن يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلدى ھەم يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىن 71نى تەسىس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بۇ ياقتىن ئاشلىق سېتىپ، ئۇ ياقتىن پۇل ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، «ئاق ھۆججەت بېرىش» ئەھۋالىنى توستى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئەسقەر ئەختەم مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاقسۇ ۋىلايىتى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈردى، يازلىق ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى.

گۈچۈڭ ناھىيەسىدە

## «ئورمىچىلار» «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» بىرلەشمە جېڭىگە ئاتلاندى

ئىختىيارىي مۇخبىرلار **بەي يۈنفېڭ، ۋاڭ يۆچېن** خەۋەر قىلىدۇ: «سىرتتا ئىش بەك كۆپ، ھاۋا ياخشى بولسا، بىر كومبايىن بىلەن كۈنىگە 300 نەچچە مو يەرنى ئورىيالايمىز» دېدى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گۈچۈڭ ناھىيەسى بىلىيۇخې بازىرى تاڭفاڭمىن كەنتىدىكى دېھقان لى جيەنگاڭ.

شۇ كۈنى، لى جيەنگاڭ ئىككى كومبايىنغا قوماندانلىق قىلىپ، شىخەنزە باش مەيدانىنىڭ 1 - تارماق مەيدانىدىكى چوڭ ئېتىزلىقتا بۇغداي ئورۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بۇ يىل «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» باشلىنىش ئالدىدا، كومبايىننىڭ كەۋدىسى چوڭ، يۆتكەش قولايسىز بولۇشتەك ئەمەلىي مەسىلىگە قارىتا، گۈچۈڭ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىشقا قاتناشتۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، بولۇپمۇ كومبايىنلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلىرىنى ھەقسىز تەربىيەلەش، يىللىق تەكشۈرۈش، ئائىلىلەرگە كىرىپ كىنىشكا بېجىرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى، «رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىش كىنىشكىسى»، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى قوللانمىسى تارقاتتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى تەشۋىقاتى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

گۈچۈڭ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى يىن گاڭ مۇنداق دېدى: «پۈتۈن ناھىيە بويىچە جەمئىي 800دىن ئارتۇق كومبايىن بار بولۇپ، نۆۋەتتە 100دىن ئارتۇق ‹ئورمىچى› يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ، شىخەنزە، كۈيتۈن قاتارلىق ئاساسلىق يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رايون ئاتلاپ مەشغۇلات قىلىش ‹يازنىڭ ئۈچ ئىشى› بىرلەشمە جېڭىگە قاتنىشىشقا يولغا چىقتى».

قەشقەر ۋىلايىتىدە

## بۇغداي ئورمىسىنىڭ %90ى ئاخىرلاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خەن چىنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «يېرىم يىلدىن كۆپرەك كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، مانا ئەمدى ئالتۇندەك ھوسۇلنى كۆردۇق» دېدى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى باغچى يېزىسى سىرىلما كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەمەت تۇردى ئالتۇندەك بۇغداي دېنىنى ئوچۇملاپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 3 مىليون 245 مىڭ مو كۈزگى بۇغداينىڭ 3 مىليون 191 مىڭ 300 موسى ئورۇلۇپ بولدى، بۇ يىل ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ 1 مىليون 400 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، بۇلتۇرقىدىن 60 مىڭ تونندىن كۆپرەك ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

«ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئاشلىق تېرىقچىلىقنى مول ھوسۇل ئېلىش كاپالىتىگە ئىگە قىلدى» دېدى يېڭىسار ناھىيەسى ئوچار بازىرى قۇچقاچباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى كامىل روزى. كەنتتە يېڭىسار ناھىيەسى يېڭى ئۈمىد تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 6.6 مو يېرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپقا تاپشۇردى، بۇ يىلقى بۇغدايلىقنى باشقۇرۇشتىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت زور رول ئوينىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى كەسكىن بولغان 2 - ئاي ۋە 3 - ئايدا، نەچچە يۈز مو بۇغدايلىق باش سۈيىنى ۋاقتىدا «ئىچتى»، مايسا تۇتقۇزۇش ئوغۇتى دەل ۋاقتىدا بېرىلدى.

يېڭى ئۈمىد تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوخشاش بۇنداق يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئومۇملاشتى.

يازلىق ئاشلىقنى ئامبارغا تولۇق يىغىۋېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى نەق مەيداندا ئالغا سىلجىتىش يىغىنى، سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، بالدۇر پىلانلاپ، بالدۇر ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇقلىرى ۋە ئادەم كۈچىنى يازلىق يىغىم خىزمىتىگە ئاتلىنىشقا پائال تەشكىللەپ، يازلىق يىغىمغا دەخلى يەتكۈزمەسلىككە، ئېگىز تېرىقچىلىقنى ئۈزۈپ قويماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يازلىق ئاشلىقنى يىغىۋېلىش، سېتىۋېلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىل يازلىق يىغىم مەزگىلىدە، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى خىزمەت ئەترەتلىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، قىيىنچىلىقى بار ئامما، قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلار، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار، مېيىپ ئاممىنىڭ بۇغداينى ۋاقتىدا ئورۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى 1 مىليارد 22 مىليون يۈەن نەقلەشتى، ئامبار سىغىمى يېتەرلىك، سېتىۋېلىش ماشىنىلىرىنى تەڭشەش، رېمونت قىلىش، قۇرۇق ئامبارلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەر پۈتتى.



كۇچا شەھىرى: **كۈزگى بۇغداي سېتىپ بېرىش**

**6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دېھقانلار كۇچا شەھىرىنىڭ ياقا بازىرىدىكى ئاشلىق پونكىتىدا كۈزگى بۇغداي ساتماقتا. يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۇچا شەھىرى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش پونكىت - نۇقتىسىدىن ئونىنى تەسىس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا مۇلازىمەت قىلدى.** □ نىياز راخمان فوتوسى



خوتەن شەھىرى: **پىدائىيلار مۇلازىمىتى**

**6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، پىدائىيلار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈزگى بۇغداي ئورۇشىغا ياردەملەشمەكتە. ھازىر خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسىدىكى 21 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي ئارقا - ئارقىدىن پىشتى. بۇ يېزا «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار ئېتىز بېشىغا بېرىپ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل دېھقانلارنىڭ بۇغدايىنى ۋاقتىدا ئورۇشىغا ياردەملەشتى.**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېن ششىن فوتوسى**

غۇلجا ناھىيەسىدە

## ئامبارلار بىكارلىنىپ ھەم بىرلەشتۈرۈلۈپ، يازلىق ئاشلىق يىغىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جەزىرە نېسىپبېك**، ئىختىيارىي مۇخبىر **چېن يۇڭمېي** خەۋەر قىلىدۇ: «ئۇ سىرتتىكى سوغۇق شامالنى تارتىپ، ئاشلىق دۆۋىسىنى تەكشى شامالدىتىپ، ئاشلىقنى سوۋۇتۇش، قۇرۇتۇش رولىنى ئويناپ، ئامباردىكى ئاشلىقنىڭ نۆل سېلسىيە گرادۇستىن بەش سېلسىيە گرادۇسقىچە بولغان بىخەتەر ھالەتتە تۇرۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېدى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، غۇلجا ناھىيەلىك جەنگۇ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ جەنگۇ شىركىتى دېيىلىدى) ئارا ئۆستەڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ساقلىغۇچىسى جوۋ دېمىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى يەر يۈزىگە ئورنىتىلغان ھاۋا ئالماشتۇرغۇچنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

يازلىق يىغىم باشلىنىش ئالدىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىسى بولغان جەنگۇ شىركىتى «باشلامچى قەدەم»نى ياخشى مېڭىپ، ئامبارنى پائال بىكارلاپ ھەم بىرلەشتۈرۈپ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشقا تەييارلىقنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاشلىق ئامبىرىنى ساقلىغۇچىلار 17 ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىكى 60 يەتكۈزۈش ماشىنىسى، 51 دانە (يۈرۈش) نەملىكنى ئۆلچەش ئەسۋابى، بۇغداي سىغىمچانلىقىنى ئۆلچەش ئەسۋابى قاتارلىق ئەسۋابلارنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدى، تەكشۈردى ھەم بوش ئامبارلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، خادىملارنى تەربىيەلەش، مەيدانلارنى تۈزلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تاماملىدى.

بۇ يىل، جەنگۇ شىركىتى 30 مىڭ توننا بۇغداي سېتىۋېلىشنى پىلانلاپ، 50 مىڭ توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان ئامبار ھازىرلىدى. ئاشلىقنى ئوڭۇشلۇق سېتىۋېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەنگۇ شىركىتى سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىغا تايىنىپ، سىياسەتلەرنى تامغا چاپلاش، ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئەۋرىشكىنى جازىغا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاشلىق ساتقان دېھقانلارنى ئاشلىقنى چۈشىنىپ سېتىش، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن سېتىش، خاتىرجەم سېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنگۇ شىركىتى بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش، كارخانا ئۆزى مەبلەغ غەملەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق پائال مەبلەغ تەييارلاپ، ئاشلىق ساتقان دېھقانلارنىڭ ئاشلىقنى سېتىشى بىلەنلا پۇلنىڭ يانچۇقىغا كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.